## بېيجىڭ: بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر تەرەپتىن دوستلۇق ناخشىسىنى ياڭرىتىش شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق

(بېشى 3 ـ بەتتە)

يارەدمگە ئېرىشۋاتقان جايلاردا، بەش سانائەت باغچە رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى شۇ جاينىڭ كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ مۇستەھكەم ئاساسقا ئايلانغان. ھازىرغا قەدەر، ھەرقايسى باغچە رايونلىرىغا جەمئىي 32 كارخانا ماكانلىشىپ، شۇ جايدىكى 5000دىن ئارتۇق نامرات ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

بېيجىڭدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بارلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى. سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۈچ يىلدىن بۇيان، بېيجىڭدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار مائارىپقا ياردەم بېرىش تۈرىدىن جەمئىي 131نى يولغا قويغان، چېتىشلىق مەبلەغ 2 مىليارد 431 مىليون يۈەن بولغان. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بېيجىڭدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن 171 دوختۇر جەمئىي 40 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم قېتىم كېسەل كۆرگەن، 10 مىڭ قېتىمغا يېقىن ئوپېراتسىيەنى تاماملىغان، كۆپلىگەن كېسەلنى قايتىدىن ساغلاملىققا ۋە ئۈمىدكە ئېرىشتۈرگەن.

ئۈچ يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىن مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كۈچلەر داۋاملىق ئۈزلۈكسىز ھالدا خوتەنگە يىراق جايلارنىڭ ساداسىنى ئېلىپ كەلدى، كەلگۈسى ئۈمىدنى يەتكۈزدى. سىرتقى دۇنياغا تەلپۈنۈش، ئۆز ـ ئۆزىنى مۇللاشتۇرۇشقا ئىنتىلىش، ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇشنى ھېس قىلىش... ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ماددىي تۇرمۇشنى ياخشىلاش پەقەت ئاساس، بېيجىڭدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تولۇقلىنىشى ئوخشاشلا خوتەن ئاممىسىدا تېخىمۇ كۆپ تەلپۈنۈش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى ئىنتىلىش پەيدا قىلىشقا باشلىدى.

ھەربىر تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھامان باسقۇچ خاراكتېرلىك ئاخىرلىشىدىغان بىر كۈن بولىدۇ. قانداق قىلىپ خىزمەتنى قائىدە ـ تەرتىپلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلىپ «ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغان» بىر قوشۇننى قالدۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە «قان بېرىش»نى «قان ئىشلەش»قا ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ، بېيجىڭدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئەڭ كۆپ ئويلايدىغان مەسىلە.

«غول ئۆستەڭ ياساش، تۇرۇبا لىنىيەسى ياتقۇزۇش، تۈزۈم تۈزۈش، نورمال شەكىل ئورنىتىش... ‹يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن› بۇ خىزمەتلەر گەرچە كۆزگە چېلىقمىسىمۇ، لېكىن كېيىنكى داۋاملاشما خىزمەتلەردە قىيىنچىلىقنى ئازايتىدۇ، قىيىنلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ.» بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خوتەن قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق دېدى: دائىملىق تۇتۇش، ئۇزاق ئۈنۈمنى ئىلگىرى سۈرۈش پىكىر يولى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالمىشىش ۋە سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ناچار تەبىئىي شارائىت بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، خوتەنلىكلەردە تۇغۇلۇش بىلەنلا ئۈمىدۋار، ئالغا ئىنتىلىدىغان تۇرمۇش پوزىتسىيەسى يېتىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ خىل پوزىتسىيە يەنە بېيجىڭدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ قېنىغا سىڭدى، بۇ زېمىندا، بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر تەرەپتىن دوستلۇق ناخشىسى ياڭراپ، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك ساداسى ئۈزلۈكسىز ياڭرىماقتا.

## تيەنجىن: خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئەمەلىي ئۈنۈمگە كۆچەش

(بېشى 3 ـ بەتتە)

تيەنجىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپ، يەسلىدىن جەمئىي 15نى قۇرۇشقا ياردەم قىلدى. 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان خوتەن كەسپىي تېخنىكا شۆبىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى زامانىۋىلاشقان ئالىي كەسپىي شۆبىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېقىرىش، كىرگۈزۈش، ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، شۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى 1000 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق تەربىيەلەپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت يۇقىرى سەۋىيەدە ئۆسۈشىگە كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى.

تيەنجىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە ھەر يىلى يەنە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 300دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى خوتەن ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەسلىلەرگە كېلىپ، 100 كۈنلۈك ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. «يازلىق تەتىل كەلدى، بىز تيەنجىنگە قايتىمىز. سىنىپتىكى كىچىك دوستلار بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇلار مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، بىز قۇچاقلاشقاندا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقانلىقىدەك كەيپىياتنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم!» دېدى تيەنجىن سودا داشۆسى قانۇن شۆبىسىنىڭ ئاسپىرانتى چېن شۈياڭ ھاياجانلانغان ھالدا.

«بىزنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىمىز چوقۇم خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلىشىشى، خوتەندىكى پۇقرالارغا ئەمەلىيلىشىشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەمەلىيلىشىشى كېرەك. دەل جايىدا تېمىتىپ سۇغىرىش تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەربىر ئىشنى پۇختا، ياخشى قىلىپ، ھەربىر خىزمەتنى پۇختا، يىلتىز تارتقۇزۇپ قىلىشقا تىرىشىمىز!» دېدى تيەنجىن شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى لى ۋېنيۇن.

## خېبېي: كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش قان بېرىش، قان ئىشلەش

(بېشى 3 ـ بەتتە)

تۈرنى يېزا، كەنت دەرىجىسىگىچە مايىللاشتۇرۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئاھالىگە مايىللاشتۇرۇپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ 95.57%نى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلارغا ئىشلەتتى.

خوشۇت ناھىيەسى سۇخاتۇ يېزىسىنىڭ سۇخاتۇ كەنتىدىكى 77 ياشلىق كەنت ئاھالىسى لىۋ باگچۈەن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئاھالە، ئۇنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا كۆپ يىل بولغان بولۇپ، ھەر قېتىم ھاجەتخانىغا بارماقچى بولسا ئۆيىدىكىلەر ئۇنى يۆلەپ ئۆيىدىن 30 مېتىر يىراقلىقتىكى سۇسىز ھاجەتخانىغا ئاپىراتتى، بۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان ئىشى بولۇپ قالغانىدى. 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، جاڭجياكو شەھىرىنىڭ ۋەنچۈەن رايونى خوشۇت ناھىيەسىگە ECO مۇھىت ئاسرايدىغان تەرەت ئۇسكۈنىسىدىن 100نى ئىئانە قىلغاندا، لىۋ باگچۈەنگىمۇ بىرى تەگدى، بۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇنى قىيناپ كەلگەن باش ئاغرىقى ھەل بولدى. «بۇ ھاجەتخانا بولسا، ھەقىقەتەن بەك قولايلىق بولىدىكەن.» لىۋ باگچۈەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ توختىماي رەھمەت ئېيتتى.

داۋالاش بايلىقى تارقىلىشىنىڭ تەكشۈك بولماسلىقى بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى ئاساسىي قاتلام ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. خېبېي ئۆلكىسى داۋالاش ئەسلىھەلىرىنىڭ قاتتىق ماتېرىيالىغا ياردەم بېرىشكە كۈچ سەرپ قىلىپلا قالماي، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش ئەندىزىسى ۋە ئىختىساسلىقلار، تېخنىكا جەھەتتىكى بوشلۇقنى ئېغىزى ئۈستىدە ئىزدەندى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستىدا ياردەم بېرىپ قۇرغان تۇنجى سىنلىق ئالاقە تورىدا يىراقتىن بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش ئۇچۇر سۇپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شۇ جايدىكى ئامما بۇ سۇپا ئارقىلىق چوڭ دوختۇرخانىلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇشىغا ئېرىشەلەيدىغان بولدى. چەت، ياقىغا جايلاشقان چەرچەن ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ۋە چاقىلىق ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى «ئالاقە تورى + داۋالاش»تىن نەپ ئالغان بولۇپ، يۆتكەپ داۋالاش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 59%، 50% تۆۋەنلىدى. بۇ ئۇسۇل پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سەھىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ مىسالى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

«بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى باغلايدىغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل، بىز خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ ئىشى دەپ بىلىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز.» دېدى بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوماندان فەن چېڭخۇا.

## سەنشى: يۇقىرى ئورۇندىن تۈرتكە بولۇش ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش

(بېشى 3 ـ بەتتە)

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى ۋاقىتلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش قوماندان دىڭ يۈچىڭ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ بېكىتكەن 6 ـ شىسى ھاۋاللىق باشقۇرۇۋاتقان 50 ـ تۇەننىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى تۈرىگە نىشانلىق ياردەم بېرىشكە قارىتا مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. بۇمۇ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا يۇقىرى سۈپەتلىك نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن، نامراتلىققا جەڭ ئېلان قىلغان تۇنجى خەلق تۇرمۇشى تۈرى.

سەنشىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور تۈرلەرنى ياخشى تۇتۇش باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامراتلار توپىغا مايىللاشتۇرۇشتا، يېزا ـ كەنتلەرگە مايىللاشتۇرۇشتا، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەشكە پايدىلىق ساھەلەرگە مايىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ياخشىلاشتىن تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكىچە، سەنشىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە سىجىل كۈچلىنىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىندى.

تۈر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، مەدەنىيەت ـ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، سەھىيە ئۆمەكى تەشكىللەش شەكلى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، مائارىپ ئۆمەكى تەشكىللەش شەكلى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىشتىن ئىبارەت ئالتە چوڭ نۇقتىلىق ۋەزىپە بوشاشماي چىڭ تۇتۇلۇپ، دىققەت باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈلدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، سەنشى ئۆلكىسى 132 نىشانلىق ياردەم بېرىپ قۇرۇش تۈرىنى پىلانلىدى، تۈرلۈك تونۇشتۇرۇش ـ كېلىشىم ئىمزالاش يىغىنىدىن 35 مەيدان ئۆتكۈزدى، جەمئىي 278 كارخانا بىلەن كېلىشتى، 18 تۈر بويىچە مەبلەغ سېلىش مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى، جەمئىي 21 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

يىراق چېگرا لىنىيەسىدىكى جىيا جۇخماۋ، بىپايان چۆللۈكتىكى چىن جىيەنخۇا، جوۋ يامىن ئەر ـ خوتۇندىن نىشانلىق يارەدمگە ئېرىشۋاتقان جاينىڭ كۈچلۈك تەلىپى بويىچە مۇددەتنى ئۇزارتىپ بۇ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىش ئورنىدىن پېنسىيەگە چىقىدىغان ۋاڭ لۇخجياڭ قاتارلىق سەنشى ئۆلكىسىدىن 3 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن 121 كادىرلار، ئىختىساسلىقلارغىچە، چىن مۇھەببىتى ۋە ئەمەلىي ئىشلەشنى «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كوردىناتى»غا سىڭدۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن سەنشى كۈچىنى قوشماقتا.

## لياۋنىڭ: خەلق تۇرمۇشى تىزىملىكى قويۇق قېرىنداشلىق مېھرى

(بېشى 3 ـ بەتتە)

شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاش ئۈچۈن، لياۋنىڭ ئۆلكىسى جەمئىي 48 كىلومېتىر يول ياسىدى، 4100 يول چىرىغى ئورناتتى؛ 23 مەركەزلىك پار بېرىش ئەسلىھەسىنى، 110 كىلومېتىر ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا تورىنى يېڭىدىن ئورناتتى، 8 مىليون 200 مىڭ كىۋادرات مېتىرلىق ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى يېڭىدىن كۆپەيتتى؛ يېڭىدىن سۇ ئامبىرى ياسىدى، يېڭىدىن 16 كىلومېتىرلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى، 80 كىلومېتىرلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى ياسىدى، 250 مىڭ كىشىنىڭ بىخەتەر سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىلەندۈرۈش كېرەك.

بۈگۈنكى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ 3A دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنى باھالىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر 3A دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىغا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى «ھاياتلىق كارىدورى» ۋە نۆكچە ئېرىتىپ قۇتقۇزۇپ داۋالاش «يېشىل كارىدورى»نى قۇردى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كېسەلخانا دوختۇرلىرىنى قېلىپلاشقان تەربىيەلەش بازىسى، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش قاتارلىق 11 مەركەزنى قۇرۇپ چىقتى، 76 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى قانات يايدۇردى.

لياۋنىڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش «خەلق تۇرمۇشى تىزىملىكى»دە، ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشى، مائارىپ تەرەققىياتى، ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، مەكتەپ قۇرۇش... تۈرلۈك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تەدبىرلىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئاممىنىڭ «مۇقىم بەخت»كە تىرەك بولۇپ، پۇقرالار رازى بولغان شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇردى.

## جىلىن: ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مول نەتىجىلەر

(بېشى 3 ـ بەتتە)

«جىلىن بىلەن شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى مۇھىم قار ـ مۇز بايلىقى چوڭ ئۆلكىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئالدى بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى باشلاپ، قار ـ مۇز كەسپىدە كۈچلۈكلەر بىرلىشىش، ئۆزئارا كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ھازىرغا ئەڭ پايدىلىق بولۇش، ئۇزاق كەلگۈسىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ» دېدى جىلىن ئۆلكىسى چاڭبەيشەن تېغى مۇھاپىزەت ـ ئېچىش رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ كۇ.

قار ـ مۇز كەسپى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ خاس ئەۋزەل كەسپى، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى مەۋقەنى ئالتاينىڭ بايلىق تەبىئىي ئۈستۈنلۈكىگە قويۇپ، «قار ـ مۇز ئارقىلىق چېگرا رايوننى قۇدرەت تاپقۇزۇش، قار ـ مۇز ئارقىلىق كەسىپنى گۈللەندۈرۈش، قار ـ مۇز ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىش»تىن ئىبارەت شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تەسەۋۋۇرىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، كەسپىي كوللېكتىپ تەشكىللەپ، نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە قاپلاش كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان قار ـ مۇز يىرىك پىلانى ـــ «ئالتاي تېغى قار ـ مۇز ساياھىتى چوڭ رايون يىرىك پىلانى»نى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن تۈزدى. مۇشۇ ئاساستا، جىلىن، شىنجاڭ ئىككى ئۆلكە، رايون بىرلىشىپ ئىلتىماس سۇنۇپ «جۇڭگو قار ـ مۇز كەسپى (چاڭبەيشەن تېغى+ئالتاي تېغى) ھەمكارلىق ئۆلگە رايونى»نى بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرىنى پىلانلاپ ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش نەتىجىلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى مەنپەئەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى يەرلىكتىكى ساياھەت بازىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا قارىتا، پۇقراۋى قونالغۇ، ئاشپەزلىك سەنئىتى، چەۋەندازلىق كەسپى تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى كۆپ قېتىم ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەتراپتىكى نامرات ئاممىنىڭ يېقىن جايدا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتتى، تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «غەربىي شىمال چېگراسىدىكى 1 ـ كەنت» «شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەڭ گۈزەل قار كەنتى» «كونا قورجا ئائىلىسى» قاتارلىق خاس ساياھەت يېزا ـ قىشلاقلىرىنى بەرپا قىلىشقا ياردەم بەردى. جياڭجۈن تېغى قار تېيىلىش مەيدانىنى تىرەك قىلىپ ئۈچ ئورۇندا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى قۇردى، پاي ھوقۇقىغا چېتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلىش، خاس مەھسۇلاتلارنى سېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يارەدمگە ئېرىشۋاتقان جايلاردىكى 15 نامرات كەنتنىڭ كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ كىرىمىنى زور نىسبەتتە ئاشۇردى.

بۇ يىل جىلىن ئۆلكىسىنىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوشۇنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان ئاخىرقى يىلى، شۇنداقلا جىلىن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنىڭ 10 ـ يىلى. جىلىن ئۆلكىسىنىڭ 3 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ باش يېتەكچىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سۇن لىجۈن مۇنداق بىلدۈردى: «جىلىندىن كېلىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقانلار ئۈمىدنى ھەرگىزمۇ يەردە قويماسلىقتەك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش روھى بىلەن تەشكىلنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى يەردە قويماي، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگەن يىللاردىكى ئەجرىنى يەردە قويماي، ئالتايدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن بىللە، ‹ئىنسانلارنىڭ قار تېيىلىشى باشلانغان جاي› ‹جۇڭگونىڭ قار مەركىزى›دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاق ئالتۇن نام كارتىسىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ قىشلىق قار ـ مۇز ساياھىتىدىكى قەد كۆتۈرۈش جېڭىنى تىرىشىپ ياخشى قىلىپ، ‹ئادەتتىكى پەسىلدە ئادەتتىكىدەك بولماسلىق، سۇس پەسىلدە سۇسلاشماسلىق›نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئالتاينىڭ ساياھەت بازىرىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ».

# 9100دىن كۆپرەك مەمۇرىي كەنتنىڭ كەنت قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىردى

(بېشى 1ـ بەتتە)

ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كادىر، ئاممىنى 26 مىليون ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك ئەمگەك كۈچى چىقىرىشقا قوزغاتتى، زور كۈچ بىلەن ئەخلەت، تاشلاندۇق تام ـ كېسەكلەر، كەنتتىكى كۆلچەكلەر، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ھەمدە چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىدىن چىققان قىغ قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تاشلاندۇقلار تازىلىنىپ، مۇھىتنى تۈزەش ئۈنۈمى ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

يېقىندا، ئاپتونوم رايون «كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ياز پەسىللىك جېڭى خىزمەت لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئىشنى پۇقرالار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ ئەمەلىي، ھەل قىلىشنى ئەڭ ئۈمىد قىلىدىغان مەسىلىلەردىن قول سېلىپ ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتىدىكى «مەينەت، قالايمىقان، ناچار» بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭ ۋە خىرە نۇقتا قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون يازلىق تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشىدەك پايدىلىق پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، «كىچىك قول چوڭ قولنى تۇتۇش» رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى كەنت ـ مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردۇ.

# مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆلچەش كېرەك

(بېشى 1ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە مەركەزلىك تەتقىق قىلىش، مۇھاكىمە قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەسلىي تېكىستنى ئەينەن ئوقۇپ، قائىدىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، روھىي ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش تېما تەربىيەسى قوزغاتقان ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق، ئىجادچانلىقنى يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىش، تىرىشىپ يېڭى نەتىجە يارىتىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «تۈزىتىش»نى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆلچەش كېرەك. ھەم پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم رەھبەرلىك بەنزىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش؛ ھەم ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىغا باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ھەم باش تېما تەربىيەسىنىڭ ياخشى تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇشقا رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، ھەم باش تېما تەربىيەسىگە ياخشى قاتناشقۇچىلاردىن بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، باشلامچىلىق بىلەن ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشى، باشلامچىلىق بىلەن تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىدىن پايدىلىنىشى، باشلامچىلىق بىلەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشى، ئەمەلىي تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى تۇتۇشتا باشلامچىلىق، ئۈلگىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

# ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، سۇ بايلىقى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1ـ بەتتە)

شىنجاڭنىڭ سۇ بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سۇ بايلىقى، سۇ ئېكولوگىيەسى، سۇ مۇھىتىغا بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بوشلۇق تەڭپۇڭ بولۇش، سىستېمىلىق تىزگىنلەش، ئىككى قولدا كۈچەش»تىن ئىبارەت سۇ تىزگىنلەش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى تۇتۇش كېرەك. سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارى بىلەن پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، سۇ بايلىقىدىكى ئېلىش، ئىشلىتىش، سەرپ قىلىش، چىقىرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە سۇ ئىشلىتىش شەكلىنىڭ يىرىك بولۇشتىن تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك بولۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كۈچەپ سۇ تېجەش تىپىدىكى كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، سۇ تېجەش تىپىدىكى ئىقتىساد يېتىلدۈرۈش، سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇش كېرەك. بوشلۇق تەڭپۇڭ بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سۇغا قاراپ ئېھتىياجنى بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى قاتتىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ سۇ بايلىقىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سىستېمىلىق تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق قاتارلىق ئېكولوگىيەلىك ھەرقايسى ئامىللارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، سىستېمىلىق تەپەككۇر، ئۇنىۋېرسال تەدبىر ئارقىلىق مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. ئىككى قولدا كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، سۇنىڭ ئاممىۋى مەھسۇلات بولۇشتەك خۇسۇسىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، مەمۇرىي مېخانىزمنىڭ بازار مېخانىزمى بىلەن ماسلىشىشى، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ۋاستىنى ئاساس قىلغان سۇ تېجەش مېخانىزمى بىلەن ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان سۇ بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش مېخانىزمىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۇ بايلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمىنى ئۆزئارا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك سۈچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)